بسم الله الرحمن الرحيم

# قۇرتۇلۇش

1993 – يىلى 2 – نىسان

1993 – يىلى 3 – ئاينىڭ 1 – كۈنى

1412 – ھىجرى 8 – رەمىزان .

دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈمىدى ئاقابىل ئەلنىڭ ئىسلام رەھبەرلىك قۇرال دۇچى تەييار –

لاغلار .

[illegible]

لا إله إلا الله محمد رسول الله


# مەجبۇرىيىتىمىز

مۇبارەك بارىن ئىنقىلابىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە بەش ئۈچ يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ . ئىنقىلاپتا ۋەتەن ئۈچۈن ئىستىقلال ئۈچۈن قە – لىنغان پىدا كارلىق مەنزىرىسى داۋاملىق كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپ تۇرىدۇ . خارلىقتا جىم ساقلىغان جاسارەت، باتۇرلۇق، جان ۋە مالنى ئۆزى تونۇپ پارىغان يولدا قۇربان قىلىش قاتارلىق ئالى پە – زىلەتلەر ھەر ئىنساننىڭ قەدىرىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ . ھەرقانداق كىشى با – رىندىكى ئىنقىلابچىلارغا ھۆرمەت قىلماي تۇرالمايدۇ . ئەگەر بۈتۈن مىللىتىمىز بۇ ئالىجاناب روھنى تەكىتلەپ قوللىغان بولسا بۇ خارلىقتىن شۇ سائەتتە قۇرتۇلغان بولاتتى . مىللىتىمىز قۇر – بان بېرىشكە تەييار يىگىتلەرگە ۋە ئىتتىپاق . ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەردىن ئازات بولغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەشكە تەييار بولغان بولىمىز . قۇربان بولۇش قۇربان قىلىش روھىنى ئىگىلىمەي تۇرۇپ ئاتىمىسىز، پايدىسىز .

ئۇنداقتا بارىن ئىنقىلابىدىن ئۈگىنىدىغان بىرىنچى نەرسىمىز قۇر – بان بېرىشكە تەييار بولۇش . ئىككىنچىسى، بولۇش . كىمدۇ . قۇربان – بېرىشكە تەييار مىللەت ھامان بىردۇن ھۆرىيەتكە ئېرىشىدۇ . بارىن ئىنقىلابى مىللىتىمىزنىڭ بىرىنچى ئىنقىلابى ئەمەس . مىللىتىمىز تارىخىدىكى ئاخىرقى ئىنقىلاپمۇ بولۇپ قالمايدۇ . ئۆتكەنلەر ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى . ئەمدى بولسا نۆۋەت بىزگە كەلدى . مەنچە سىزمۇ بىز مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىشتا يېڭىلمىدىڭلار كېلىۋاتىسىز . مىللىتىمىز بىزنىڭ ھەممىمىزنى كۈتمەكتە . ۋەتەن قۇرۇق سۆزلەردىن بەكراق ئەمەلىي ھەرىكەتكە موھتاج . ئازرىق ۋەزىيەت كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ . مىللىتىمىز ئاسارەتلىرىسىنى تىلىنىپ تارىختىن نامى ئۆچۈپ كېتىش دەۋرىگە ئۆچرىماقتا . ئو – نىڭ ئۈستىگە ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندە قىلىنىشتا ھەربىر ئىنسان جىداپ تۇرالمايدۇ . ۋەتىنىمىزدىكى ھەربىر ئىنساننىڭ ئىنسانچە ياشاش ھەققى بار، مىللىتىمىز چوقۇم ھۆررىيەتكە ئېرىشىدۇ . بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىل . ئۇزۇندىن بېرى ئاقان ئىسسىق قانلار بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ . بەرگەن قۇربانلارنىڭ كۆپ بولۇشىغا قا – رىماي ھازىرغىچە ھۆررىيەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىمىز بىزنىڭ بەرگەن قۇربانلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى ئاز بەرگەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

ئۇنداقتا : بىز قۇربان قىلىشقا، قۇربان بولۇشقا تەييارمۇ؟

جاۋاپ ئەلۋەتتە ... لېكىن نەدىن باشلايمىز؟؟؟ .

......................................

يازغۇچى : شاكىر ئارسلان .

تارىختىكى ئەجەللىك جەڭلەردىن ساۋاقلار ..

..............................

ۋەتىنىمىز كەلگۈسىدە چوڭ ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرنى كۈتۈپ تۇرماقتا . بۇ چوڭ ۋەقەلەرگە تارىختىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مەشھۇر ۋەقەلەردىن ساۋاق ئېلىش بىلەن تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك . تۆۋەندە بىز ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلار دەرىجىدە قەت كۆتۈرۈپ بۈتۈن دۇنياغا بىردەك تارقىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان مۇ – ھىم ۋەقەلىكلەردىن بىرى بىلەن تونۇشىمىز ھەمدە ساۋاق ئالىمىز قوبۇل بەدرى جېڭى :

بەدرى جېڭىدىن بۈگۈنكى ۋەزىيەت بىلەن بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ھا – زىرقى ۋەزىيىتى بىردىن – بىر ئوخشىشىپ قالىدىغان بىر مەسىلە . ھەق – تەرەپتىكى ئازسانلىق كىشىلەرنىڭ ناھەق تەرەپتىكى كۆپسانلىق دۈشمەن بىلەن قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپ غەلىبە قازانغانلىقى دۇر . پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى مۇشرىكلارنىڭ قاتتىق مۇئامىلىلىرى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئاشلاپ مەدىنىگە جايلاشتى . بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئىنسانىيەت دىنى ئۇ ھۆرلۇق ۋە ئەركىنلىك دىنى ... ئۇ ھەرگىزمۇ خورلۇقتا ياشاشنى راۋا كۆرمەيدۇ . شۇڭلاشقا پەيغەمبىرىمىز ھىجرىيىنىڭ 2 – يىلى، ئاللاھنىڭ قىلىشىغا روھسەت قىلدى . بۇ ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى قوشۇنلۇق جەڭ مۇسۇلمانلار تەرەپنىڭ سانى 313 بولۇپ ئارىلا 2 دانە ئاتلىق بار ئىدى .

ئەمما مۇشرىكلارنىڭ ئەسكەر ئۇچى 1000 نەپەر بولۇپ بۇ – لاردىن 100 ئاتلىق ۋە (600) قالقانلىق بار ئىدى .

لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ پولاتتەك ئىنتىزامىدا رىئايە قىلىشى ۋە ئۆز – ئارا بىرلىكى نەتىجىسىدە ئۆزلىرىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ ھەم قۇد – رەتلىك بولغان مەككە مۇشرىكلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ ئۇلارنى جەڭدە يە – ڭىپ چىقتى . ئاخىرقى غەلىبە مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ . مانا بۇ ۋەقەلىك بىزگە روھىي ئوزۇقلارنى بېرىدۇ . ۋە ياخشى ساۋاق – لار بىلەن تەمىنلەيدۇ .

————————

يازغۇچى : زۇلپىقار ئەلى :



## ئۇلۇغ يارىس ئىنقىلاۋىنىڭ شەھىتلىرى قەلبىمىزدە

.........

رامىزان ئېيى ئەھلى ئىسلامنىڭ قۇدرەت تاپقان ۋە نۇسرەت تېكىنىرىشكەن شەرەپلىك ئېيى. مۇسۇلمانلار بۇ ئايدا ئۇرغۇنلىغان چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئىسلامدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس ئىمان بىلەن كۇپۇرنىڭ مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ئارىسىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ غەزۋەتى بەدرى، رامىزاننىڭ 17-كۈنى بولغان. ھەر يىلى ئەھلى ئىسلامغا رامىزان ئېيى كەلسە شۇنداق جەڭ ئەسلەر يادلىنىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ شوقاتاردا بىزمۇ ھەر يىلى رامىزان كەلسە ۋەتىنىمىزدە يېقىندا يۈز بەرگەن ئۇلۇغ يارىس ئىنقىلاۋى ئېسىمىزگە چۈشىدۇ. بۇ ئىنقىلاپنىڭ مۇجاھىتلىرى ۋە ئەزىز شەھىتلىرى كۆز ئالدىمىزغا نامايان بولىدۇ. ئۇلار قەلبىمىزدىن قەتئىي ئۆچمەيدۇ. ئۇلار تارىخىمىزدا بىر چوڭ ئوبوراز. ئۇلار ھەقىقەتەن ئايپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ۋە ئارمانلىرىغا قانغان ئەزىمەتلىك مۇجاھىدلار. ئۇلار غەلىبە قىلدى. ئۇلار قانخور كومىنىستلىرغا قارشى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى يىگدىن باشلاپ خەلقنى ئويغاتتى. دۇنياغا تەسىرىنى كۆرسەتتى مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى غەلىبە قىلغانلىق. بىر گۇرۇشتىلا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇروپ تاشلاشنىلا ئوزىلا غەلىبە ھېساپلانمايدۇ. بەلكى شۇنداق غەلىبىلەرنىڭ قولغا كېلىشى ئۈچۈن موقەددىمە ئورنىدىكى بىر قانچە قېتىملىق ئىنقىلاپلارمۇ ئوز يولىدا غەلىبە ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى ئاخىرقى غەلىبە بۇنداق ئىنقىلاپلارنىڭ نەتىجىسىدىن بولىدۇ. يارىس ئىنقىلاۋى ١٩٩٥ يىلى 4 ئايدا ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق بولغان ئاقتو ناھىيىسى يارىس يېزىسىدا رامىزان كۈنى پارتىلىدى. زومىگەر كومىنىست ھاكىمىتى بۇنداق دەھشەتلىك ئىنقىلاپنىڭ يۈز بېرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بولغىنىتى. بۇ ئىنقىلاپ ئۇلارغا قاتتىق زەربە بولدى ۋە ئۇلارغا بۇ زېمىننىڭ ئوز ئەھلىگە قايتىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر جوڭ ئاگاھلاندۇرۇش بولدى. تۈركىستان خەلقى غەپلەتتىن سىلكىندى. كەلگۈسىگە مۇستەقىللىققا بولغان ئۈمىدى كۈچەيدى. بۇ ئىنقىلاپ خەلق ئارا تونۇلدى. دۇنيا خەلقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىدى. تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى تونۇپ يەتتى. بۇ ئىنقىلاپنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلبىلىرى ۋە ئۇتۇقلىرى ئاز بولمىدى، دېمەك ئۇلار ئەڭ مۇھىمى ئوزلىرىنىڭ تۈركىستان ئازاتلىق داۋاسىنى بىرىنچى ئاڭلىتىش ۋە تۈركىستان خەلقىنى ئويغۇتۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەخسەتلىرىنى تولۇق ئورۇنلىيالىدى. ئۇلار شەھىت بولغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇچمەس تۆھپىلىرى بۈتۈن تۈركىستان خەلقىنىڭ قەلبىدە يادلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ پاك روھلىرى دىيارلىرىدا يالتىرىماقتا. بىز ئۇلارنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمىز ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئىزلىرىنى ئاداققىچە ياد لايمىز.

ئاللا ئۇلارنى ئوز رەھمىتىگە مۇيەسسەر قىلسۇن. ئۇلارنىڭ سەۋەبى ئەجرىگە شەھىد جىرقوشسۇن. ۋە ئەڭ ئالى موكاپاتقا ئېرىشتۈرسۇن. ئاللا ئۇلارنىڭ ئاخىرقى غايىسىنى (يەنى) تۈركىستان خەلقىنىڭ قۇللۇقتىن ئازاتلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرسۇن ئامىن: يازغۇچى. كورەش دولقونى:

## سوئال - جاۋاب

س: زاكات پۇلىنى دىنى مەكتەپ ئۈچۈن ئىشلەتسە بولامدۇ؟

ج: ئاللا قۇرئاندا زاكاتنى ئىشلىتىشنىڭ يولىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ " زاكات پەقەت پېقىرلارغا مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرى، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كوزدە تۇتۇلغانلار، قۇللارنى ئىتزا ئازات قىلىشقا، قەرىزدارلارغا، ئاللا يولىغا، ۋە مۇساپىرلەرگە بېرىلىدۇ:

ئاللا نىڭ يولىغا ــــ دېگەن ئىبارەت ئوستىدە قانۇن شۇناسلار ۋە تەپسىر ئالىملىرى نىڭ كوز قاراشلىرى بىر خىل بولمىغان. بەزىلەر (ئاللا نىڭ يولى) دېگەننى جىھاد دەپ چۈشەنسە. بەزىلەر ئۇنىڭ دائىرىسىنى بىر ئاز چوڭايتىپ ھەر قانداق تائەت-ئىبادەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولغان ھەرقانداق ئىشلارنى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدۇ.

بۇ كوز قاراشلارغا بىنائەن (ئاللا نىڭ يولى) دېگەن ئىبارەت، مەسچىد بىنا قىلىش، مەكتەپ ئېچىش، كەمبىغەل ۋە ئولۇكلەرنى يۇيۇپ تاراش، قاتارلىق ياخشى ئىشلار نىڭ ھەممىسىنى ئوز ئىچىگە ئالغان بولۇپ.

بىز مۇ موشۇ كوز قاراشقا تامامەن قايىلمىز.

چۈنكى بۈگۈنكى زامانىمىزدا دىنى مەكتەپ مەدرىسلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجى كوپ.

...............

س: بانكىنىڭ ئوسىمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھارامدىن كەلگەن پۇلنى قايسى جايغا ئىشلىتىمىز؟.

ج: بانكىنىڭ ئوسىمى ھەددى باشقا ھارام ماللارغا ئوخشاش ھارام مال بولۇپ ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىشكە بولمايدۇ. مىلى ئۇنى يېمەك ئىچمەككە ئىشلەتسۇن ياكى كىيىم-كېچەككە ئىشلەتسۇن ياكى ئۇنى ئىجارىسىگە ئىشلەتسۇن ياكى ئائىلىسىنىڭ دۈنيالىق ئېھتىياجلىرىغا ئىشلەتسۇن ياكى ھوكۈمەتنىڭ باج ۋە ئالۋاڭ-سېلىقلىرىغا ئىشلەتسۇن ھەممىسى ئۇنىڭدىن پايدىلانغانلىق بولىدۇ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

بانكىنىڭ ئوسىمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھارام يول بىلەن كېلىپ قالغان ماللارنى كەمبەغەللەرگە، يېتىملارغا، ئاللا يولىدىكى جىھادقا، ئىسلام دەۋىتىنى يېيىشقا، مەسجىت بىنا قىلىشقا دىنى مەكتەپلەرنى سېلىشقا، دىنى كىتاپلارنى نەشىر قىلىشقا، يەنە باشقا ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چۈنكى ھارامدىن كېلىپ قالغان ماللارنى ئىشلىتىشتە پەقەت تۆت يول بار:

(١) ئوزى ئىشلىتىش، بۇ توغرا ئەمەس. (٢) بانكىدا تەرك ئېتىش، يەنى ئالماسلىق. بۇمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ھارامغا ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ. ئاللا قۇرئاندا (ياخشىلىققا ياردەم قىلىڭلار، يامانلىققا ياردەم قىلماڭلار) دېدى. (٣) كويدۈرۈۋېتىش ياكى يىرتىۋېتىش، بۇمۇ توغرا ئەمەس. (٤) ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتىش. مانا موشۇ توغرىسى موشۇنداق قىلىش كېرەك.

...............................

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: كورەش دولقۇنى.

# بارىن



گۈزەل بارىن ئەزىز يۇرتۇم ،
سېنى ھەرگىز ئۇنۇتماپمىز .
ئۇسمۇرلەرگە ئەھدە قىلىپ ،
ئىزلىرىڭنى قۇرۇتمايمىز .

ھەممە بىردەك بىرگەۋدە بولۇپ،
ئازات قىلماي، جىم تۇرمايمىز،
تارىخىڭنى ئۆرنەك قىلىپ،
تۈركىستاننى تازىلايمىز .

بۇ قايغۇلۇق كۈنلىرىڭنى ،
بىز ھەرگىزمۇ ئۇنۇتمايمىز .
شەھىتلارنىڭ روھىغا ھەم ،
دۇرۇت سانا بىز يوللايمىز .

يۇرتىمىزدىن دۈشمەنلەرنىڭ ،
ئىز يىلتىزىنى قۇرۇتىمىز .
ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنى ،
بىرنى قويماي يوقىتىمىز .

بۈتۈن كۈچنى سەرىپ قىلىپ،
ئانا يۇرتنى بىز قوغدايمىز .
بىلىپ قويغىن ئەزىز بارىن ،
سېنى سۆيۈپ ھەم قوللايمىز .

جانىمىزنى پىدا قىلىپ،
يۈز كۆزۈڭنى تازىلايمىز .
قارانىيەت ياۋۇزلاردىن ،
ئۆچنى ئالماي جىم تۇرمايمىز .



## ماتىرىيالىزىمچىلار ۋە توغرا ئەقىدىسى :

. . . . . . . . . . . . . . . . . .

ماتىرىيالىزىمچىلار بۈتۈن دىنلارغا ئىنكار قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار توغرا تەھلىل قىلماستىن، دىنلارغا ۋە ھەر قانداق غەيبىيەتلارغا ئىنكار قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە دۇنيادىكى ھەرتۈرلۈك كائىناتلار ئۆز-ئۆزىدىن تاسادىپىي ھالدا پەيدا بولۇپ قالغانمىش . ئاۋادا ئۇلار توغرا تەھلىل قىلىشقان بولسا دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالماستىن بەلكى بىر ياراتقۇچىنىڭ ھېكمەتلىك تەدبىرى ئارقىلىق يارىتىلغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلگەن بولاتتى .

مانا بۇ ھەقىقەتنى ئىلىم-پەن ۋە يېڭى كەشىپياتلار ئىسپاتلاپ چىقماقتا . بۇ ھەقىقەت ئالدىدا ھەرقانداق ساغلام ئەقىل ئىگىسى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . ھازىر دۇنيا كەشىپياتچىلىرى ۋە تەتقىقاتچى ئالىملار كۈندىن-كۈنگە بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتمەكتە .

كۆپلىگەن ئىلمى پاكىتلارغا ئاساسلانغىنىمىزدا شەكسىز ھالدا دۇنيانى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەرتۈرلۈك مەخلۇقاتلارنى ياراتقان بىر كۈچنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز .

بۇ ھەقىقەتلەر ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ نەقەدەر ئەمەلىيەتكە ئويغۇن ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا . دېمەك ئىسلامنىڭ توغرا پىرىنسىپى ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىسى ١٤ ئەسىردىن ھېچ قانداق بىر ئىلمى ھەقىقەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماستىن بەلكى تەدرىجى ماسلىشىپ كەلمەكتە .

ئىسلام دىنى چاقىرىغان گۈزەل ئەخلاق، پەزىلەتلەرمۇ ئەقىل تەقەززا قىلغان پەزىلەتلەردۇر . ئىسلام توسقان يامان ئىللەتلەرمۇ ئەقىل ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتى ياقتۇرمايدىغان ئىللەتلەردۇر .

ئىسلام بىزنى ھەردائىم ئۇنىڭغا بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن: ئىلمى ھەقىقەتلەرگە ئىنىش . بىر ئاللادىن باشقا ھېچ قانداق بىر نەرسىگە قۇللۇق قىلماسلىق . زورلانغانلىققا قارشى تۇرۇش، ۋەتەن ۋە مىللەتنى مۇداپىئە قىلىش، ھەقىقەتنى قوغداش ۋە باشقىلار .

ئىسلام توسقان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن
(١) باشقىلارنىڭ ھوقوقىغا تاجاۋۇز قىلىش . 2 — دۇنيامىلدە ئالدامچىلىق قىلىش . 3 — يالغانچىلىق . 4 — ساقتىپەزلىك . قورقۇنچاقلىق . — ئامانەتكە خىيانەت قىلىش . 6 — ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق قاتارلىق رەزىل ئەخلاقلار . ئەگەر سىز ماتىرىيالىزىمچىلارنىڭ ئىددىيىسى بىلەن ئىسلام ئەقىدىسىنى ئىلمى پاكىتلار ئارىسىدا ئۆلچەپ باقسىڭىز قايسىسىنىڭ ھەقىقەتكە مۇۋاپىق ئىكەنلىگىنى ئوپ-ئوچۇق كۆرەلەيسىز .

يازغۇچى ئەلپاروق ئۆمەر

. . . . . . . . . . .



# قۇرتۇلۇش

١٤١٣ ـ ھ ٩ ـ شۋال .

١٩٩٣ ـ م 4 ـ ئاي ١ ـ كۈنى .

ى ـ سان . ئىستانبۇل .


بسم الله الرحمن الرحيم .

دۈشمەنلىرىڭلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى ھازىرلاڭلار .

سۈرە ئەنپال 60 ـ ئايەت




## بېيجىڭدىكى باھار ئايلىرى :

...............

خىتاي پارلامېنتىنىڭ يېقىنقى يىغىنلىرىدا بولۇۋاتقان جېدەللىك ئاۋامىلىرگە قارىغاندا خەلق ئۆزىنىڭ بىرى كۆتۈلۈپ كېلىۋاتقان بىر ئىش بولۇپ، بۇ يىغىنلاردا جۇڭگونى دېڭشاۋپىڭدىن كېيىنكى باسقۇچقا تەييارلاش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىنماقتا .

يىغىن ئېچىلغاندىن بۇيانقى ئەھۋالغا قارىغاندا، جاڭزېمىننىڭ دۆلەت رەئىسلىكى ئورنىنى ئېلىپ كونىلار بىلەن ئىسلاھاتچىلار ئوتتۇرىسىدا باغلىغۇچى رولىنى ئۆتىشى ئەڭ يېقىن ئېھتىمال بولۇپ كۆرۈنمەكتە .

يىغىنلارنىڭ قانداق نەتىجە بىلەن ئاياغلىشىشىدىن قەتئىي نەزەر، جۇڭگونىڭ يېقىنقى كۈنلەردە بولىدىغان ئۆلگەندىن كېيىن كەلگۈلۈك ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىم بولىدۇ .

بەلكى بۇ كۈرەش باشلانغىنى خېلى ۋاقىت بولغان بولۇشى مۇمكىن . لېكىن جۇڭگو كېلەر قىتىمقى قىيىنچىلىقلاردىن سالامەت ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەلەمدۇ يوق ؟

بۇنى كېيىنرەك بىلەلەيمىز . ئەمما ھازىر شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كونىلارنىڭ قولىدا تۇرىۋېرىشى، ياكى ئىسلاھاتچىلار قولىغا ئۆتۈشى، ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە ھوقۇق تۇتۇشى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا قىلچە پايدىسى يوق .

پەقەت ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى كەڭ كۆلەمدە يارتىلسا بۇ مىللىتىمىز ئۈچۈن قولدىن بەرسە بولمايدىغان تارىخى پۇرسەت بولۇپ قالىدۇ . مىللىتىمىز بۇ پۇرسەتتىن ئەڭ ياخشى شەكىلدە پايدىلىنىشى بەكمۇ مۇھىم .

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇتۇن قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرى بۈگۈندىن باشلاپ بىر پىلان ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق كۆرۈش زۆرۈر، تەييارلىقتا تېپىلغىدىن تولۇق ئۇيۇشقانلىقى بولىدۇ .

تەييارلىقتىن سۆز ئاچقىنىمىزدا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشنىڭ ئەھمىيىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ .

يېقىنقى يىللاردا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش دولقۇنى كۈچىيىشكە باشلىدى . بەلكى ھەر تەرەپ ھەمكارلىشىشنىڭ زۆرۈرلىكىگە جوشۇنۇپ يەتكەن بولسا كېرەك .

ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت، ئىستانبۇلدا مىللى قۇرۇلتاي قاتارلىق چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەردى .

بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ياردەملىشىشنى كۈچەيتىشتە ئىجابى رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز ۋە شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز . ئەمما بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ تەرىپلىك ئەمەس، ھەمدە تەلمىگە لايىقمۇ ئەمەس .

مىللى ھەرىكىتىمىز ئەڭ ئۇنۇملۇك، ئەڭ ئۇتۇقلۇق بولىشى ئۈچۈن بىر تۇققانلار ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ چوڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ھەمكارلىشىش شەرت قىلىنىدۇ .

ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى بىلەن ئىچى، (ۋە سىرتى بىلەن سىرتى ۋە ئىچى بىلەن سىرتى ھەمدە مىللى ھەرىكەت بىلەن دىنى، ئىسلامى ھەرىكەتلەر ۋە بۇتۇن جەمئىيەت ھەرىكەتلىرى ئوتتۇراق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ مەلۇم پائالىيەتلەردە تولۇق ماسلىشىشى كېرەك .

تېخىمۇ مۇھىمى : بۇتۇن قۇرتۇلۇش ھەرىكەتلىرى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسى ماسلىشىشى زۆرۈر . بۇنداق ماسلىشىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش مىللىتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالماستىن بەلكى ئەمەلى شارائىتمۇ شۇنىڭغا مەجبۇر قىلىدۇ .

ئاللا ھەممىمىزنى ئىنقىلاۋى كورەشلىرىمىزدە سابىت قەدەم قىلسۇن . ئاللاغا ھەممە ئىش ئوڭاي .

................

ئەبەيدۇللا ھەسەن .



ئۇلار مۇشۇ ئالدامچىلىق بىلەن ھۆكۈمەتنى تۇتۇپ قالالارمۇ ؟
بەلكى ئۇلار پات پۇرسەت ئىچىدە ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىدۇ ؟!!

# ياقوپ بەدەۋلەت ئىدارىسى ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستان

1 — باب ياقوپ بەدەۋلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى :

تارىخ ماترىياللىرىنىڭ بىردەك ئىسپاتلىقىغا ئاساسلان — خاندا : ياقوپ بەدەۋلەت مىلادىنىڭ 1825 — يىلى تاشكەنت تەۋەسىدىكى پىسكەت دېگەن جايدا دۇنياغا كېلىپ ، شۇجايدا ئۇسۇپ يېتىلگەن • ئۇكىچىكىدىنلا باتۇرلۇقنى ئادەت قىلغان ئىكەن • شۇ مەزگىللەردە نار ،ۇھەممەت قۇشبېگى دېگەن بىرسى تاشكەنتكە ھاكىم بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن • ياقوپ بەدەۋلەتنىڭ ھەدىسى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىنىدۇ • شۇسەۋەپتىن ياقوپ بەگ نارمۇھەممەت قۇشبېگىنىڭ مەخسۇس مەھرەملىرى قاتارىدا خىزمەت قىلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنى كۈندىن كۈنگە ئۆرلەيدۇ • بۇئارىدا تاشكەنتكە شاھ فازى دېگەن بىرسى ھاكىم بولۇپ كېلىدۇ • ياقوپ بەگ ئۇنىڭغىمۇ مەھرەم بولۇپ ئىشلەيدۇ • ئۇزۇن ئۆتمەي ياقوپ بەدەۋلەت مەھرەملەرگە يۈزبېشى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ • شۇنداق قىلىپ ياقوپ بېگنىڭ شۆھرىتى يوقۇرلىشىپ ئوتاشكەنتكە قاراشلىق بولغان ئاق مەسچىت شەھرىگە ھاكىم بولۇپ تەيىنلىنىدۇ • روسلار يېرغاننى بېسىۋالغان مەزگىللەردە • ئاق مەسچىت شەھرىنىڭ ئەتراپىدىكى قازاق — قىرغىز قەبىلىلىرى ياقوپ بەدەۋلەتكە بۇرۇندىن تۆلەپ كېلىۋاتقان زاكات ۋە سېلىقلارنى تۆلەشتىن باش تارتىپ ، زاكات يىغقىلى بارغان ئادەملىرنى ئۇرۇپ ، بۇلاڭ — تالاڭ قىلىپ قايتۇرىدۇ • بۇنىڭ بىلەن ياقوپ بەدەۋلەت ئۇيۇشتۇرغان لەشكەرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ ، ئۇجايدىكى خەلقلەرنىڭ كۆپلىگەن چاروا ماللىرىنى غەنىمەت ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ • ياقوپ بەدەۋلەتنىڭ دۆلەت ئىقبالى كۈندىن كۈنگە ئۆرلەۋاتقان بىركۈنلەردە ئوقوقەنتتىكى دارىتەل تەنتەكە ئەرىز يېزىپ "( كەمىنە قۇللىرى خان ھەزرەتكە دەۋ ئاقىلىپ يۈكسەك ئاستانلىرىنى نۇرمە قىلىپ كۆزۈمگە سۈرتۈپ خىزمەتكارلىقىمنى مەلۇم قىلىپ يانسام ) دەپ ئىلتىجا قىلغاندىن كېيىن خان ھەزرەت ئۇنىڭ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ • ياقوپ بەدەۋلەت دەرھال تەييارلىنىپ نا — ھايىتى ئېسىل ھەم ئاز ئۇچرايدىغان نەپىس سوغا سا — لاملارنى كۆتۈرۈپ خاننىڭ ھوزۇرىغا كېلىدۇ ، ۋە ئۇلارنى خاننىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزىدۇ • خان ھەزرەت ئۇنىڭ بوخىز مەتلىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ئۇنى يادشانە مەرھەمەت بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بولۇشقا ئۆستۈن كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۆز ئورنىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىدۇ • ياقوپ بەگ ئاق مەسچىتكە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن — خان ھەزرەتنىڭ يېنىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ ياقوب بەگكە ئاچچىق ھەسەتلىرى قوزغۇلۇپ • ئۇنى يىقىتىشقا تىرىشىدۇ ۋە دەئۇنىڭ ئۈستىدە ( ياقوب بەگ ئۆزى تېرىلغان بايلىقلارنىڭ ئۇندىن بېرىنى سوغا قىلدى ) ئۇنىڭ مەخسىدى تاش — كە ئىنتىكە ھۆكۈمران بولۇش • ئۇنىڭ نىيىتى يامان ) دېـ — گەنگە ئوخشاش پىتنە — پاساتلارنى تارىتىپ بۆكمىلىرنى خان ھەزرەتكە ئاڭلىتىدۇ • خان ھەزرەت بۇشىكايەتلىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن • ( دەرھال ياقوب بەگنى تۇتۇپ ، بارلىق مۈلكى خەزىنىگە كەلتۈرۈلسۇن ) دەپ پەرمان جو — شۇرىدۇ • ۋە قىرىق كىشىلىك ياساۋۇل ئەترىتى ئەۋەتىدۇ • بىراق ياقوب بەگ بۇخەۋەرنى خان ھەزرەتنىڭ يېنىدىكى پۇل ـ مال بىلەن ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغان مەخسۇس ئادىمى ئارقىلىق ئالدىنقاچان ئاڭلاپ بولغان ئىدى • شۇڭا ئۇ ياساۋۇللارنىڭ ئالدىغا ئۆز ئادەملىرىنى چىقارتىپ ئۆزى كەيىندىن چىقىشقا ۋەدە قىلىپ قويۇپ ، كونا بىر خىز — مەتچىسىنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ بىركېچىدىلا بۇخارا شەھرىگە يول ئالىدۇ • خان ھەزرەت ئەۋەتكەن ياساۋۇللار شەھەرگە كىرسە ئۇنىڭ ئاللىقاچان قېچىپ بولغان ، ئۇلار دەرھال ياقوپ بەگنى قوغلاشقا ئاتلىنىدۇ ۋە دەقوغلاپ سىر دەر ياسى بويىدا ئارقىدىن يېتىدۇ • ياقوب بەگ بىرقانچە ئوچكە تېرىسىنى تولۇم قىلىپ تەييارلىۋالغاچقا ئۇنىڭ ئىچىگە يەل توشقۇزۇپ ئۈستىگە چىقىپ دەريانىڭ ئۇتە — رىپىگە خەتەرسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ • ياساۋۇللار بولسا دەريادىن ئۆتەلمەي ئىلاجىسىز قايتىپ كېتىدۇ • ياقوب بەگ بۇخارا شەھرىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قوقەنتتىن كەلگەنلىكى مەللە خان دېگەن بىركىشى بىلەن ئۇچرىشىدۇ • ئۇ بىلە بىرقانچە كۈن تۇغاندىن كېيىن بىرگە قوقەنت شەھرىگە كېتىدۇ • بۇچاغدا ياقوپ بەگ مەللە خاننىڭ ياردىمى بىلەن خوجەند ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىدۇ • ئارىدىن خېلى ئۆتكەندىن كېيىن خان ھەزرەت ياقوب بەگنى سىياسەتكە ئۇلتۇرغۇز ماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىدۇ ئەمما بۇ سۈيقەستنى سەزىپ قالغان ياقوپ بەگ • مەز كۇر ئادەملەر ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا ئارقا ئىشىكتىن قېچىپ دەريادىن سالامەت ئۆتۈپ بۇخارا شەھرىگە بارىدۇ •

(داۋامى كېلەر ساندا ئۆقۇ ـــــ سىز ) •

• • • • • • • • • • • • • • • • • •

نەشرگە تەييارلىغۇچى مەتتوختى ھاشىم





## ئەخلاقىمىز قانداق بولۇشى كېرەك ؟

. . . . . . . . . . . . . . .

ئەخلاق دېگەن خۇددى قوروپ قالغىلى ئارانلا قالغان ئوسۇملۇكلەرگە قويۇلغان سوغا ئوخشاش كەم بولسا بولمايدىغان بىر بوزۇق . ئەخلاق ئىنسان ئۈچۈن ئۈنىگدىن ئايرىلغىلى بولمايدىغان هەم ئىنسانىنى هايوانلاردىن پەرىقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان بىردىن بىر پاسىل . ئىنسان گۈزەل ئەخلاقتىن ئايرىلغان ئىكەن ئۇ باشقا هايوانلاردىن قىلچە پەرىقلەنمەي قالىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار گۈزەل ئەخلاق يەزىلەتلەر بىلەن هەمىشە زىننەتلىنىشكە ئادەتلىنىشى كېرەك .

ئەگەر شۇنداق قىلمايدىكەن ئۇ ئۆزىنىڭ جەمىيەتتىكى مەدىنىيەتنى يوقىتىدۇ ۋە ـ دە هايوانلاردىنمو بەتتەر بولۇپ كېتىدۇ . چۈنكى هايوانلاردا ئەقىل بولمىغاچقا ئۇنى ئەيىب ئالغىلى بولمايدۇ ، ئەمما ئادەمدە هايۋاندىن ئايرىدىغان ئەقىل تۇرۇپ يەنە ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىنى قىلغاچقا شۇڭا ئۇنى هايۋاندىن تۆۋەن دەپ قارايمىز . شۇڭلاشقا ئاللا تائالا ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى هەر خىل بالائى ئاپەت ۋە رەزىل ئەخلاقلاردىن توغرا يولغا باشلاش ۋە ئۇلارنى هەسەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەخلاقتا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆز نىڭ خالىغان ياخشى خەلىقلىرىنى ئىنسانلارغا ئەلچى قىلىش ئار قىلىق ئۇلارنى ياخشى يول ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا چاقىردۇ . ئۆزى بىلگىنىچە ئىشكۇرۇپ هۇدۇدىن چىققانلارغا ئەقىلگە مۇۋاپىق هەر خىللىغان چارىلارنى قوللىنىش ئار قىلىق ئۇلارنى بۇزۇقچىلىقتىن توسىدۇ .

### ئەخلاقنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى :

يۇقارىدىكى ئىشلارنى كۆزدە تۇتقان ئاساسدا ئىسلام ئەخلاقتا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ئاللانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىنلا ئەخلاقنى ئۆز نىڭ پىرىنسىپلىرىنىڭ ئاساسلىق قانۇنلىرىدىن قىلغان بوتوغورلۇق پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېدى ( مەن سىلەرگە ياخشى ، گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ۋە ئۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەلچى قىلىندىم دېگەن ) .

مانا بىز پەيغەمبىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئەترايىقا قارايدىغان بولساق ئەخلاقسىز كىشىلەرنىڭ هالىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ چىقالايمىز . بىز ياۋروپا ئەللىرىگە قارايدىغان بولساق ئۇلار ئىلىم پەن ۋە تەرەققىيات جەهەتتە شۇنچە يۇكسەك دەرىجىدە ئىلگىرلىگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلار ئىنسانىيەت ۋە ئەخلاق تەرەپتە تىلغا ئالغۇسىز هالدا چىرىكلىشىپ ئىنسانىيەتكە ۋە ئىنسانلارنىڭ نامۇسىنى كەلتۈرىدىغان ئىغىزدا سوزلەشكە ئادەم خىجىل بولىدىغان هايۋاندىن بىتەر ئىشلارنى قىلماقتا . ئىنسان هەر قانچە يۇكسەك بولۇپ كۆكتە ئۇچقان بىلەن ئۇنىڭ ئەخلاقى ياخشى بولمىسا بوتۇن قىلغان ئىشلىرى ئۇلگە تەڭ بولىدۇ .

ئەقىل پاراسىتى ساغلام كىشىلەر ئۈيدانراق نەزەر سېلىپ باقسۇن ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ئۆز ۋوجۇدىنى بىسىپ تۇرالمايدۇ . مەسىلەن ئۇلار ، هۆكۈمەتلەرنىڭ قانۇن جىقىرىپ بىرىشى ئاساسدا بوتۇن ناچار ئىشلارنى قىلغانلىقى سىرتىدا ، ئەرلەر بىلەن ـ ئەرلەر رەسمى نىكاھ بىلەن توي قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان . مانا قاراپ بېقىڭلار موشۇمۇ ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت بولامدۇ ؟

ۋە شۇنىڭدەك ئەخلاق دېگەن بىلىم بىلەن بولماستىن ئەمەلى هەركەت بىلەن بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىنسانلار چەمتىدە نۇر غۇنلىغان بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئەسكى ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز .

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يۇرتىمىزدا هىچ ئەخلاق تونىمايدىغان ياۋوز خىتايلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇپ هۆر ۋە ساغلام ئەخلاق بىلەن ياشاپ ئىسلام پىرىنسىپلىرى كۆرسەتكەن ياخشى ئەخلاقلارغا ئەگىشىپ ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ توغرا يول بىلەن ئىنسانىي هالدا ياشاپ باشقىلارغا ئۈلگە يارىتىپ خۇشال ۋە سائادەتتە ياشاپ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىز قويۇپ كېتىشىمىز كېرەك . ئىسلامنىڭ شانلىق داغدام يولىدىن هەر كىز چىكىنمەي ئۇنى هەر قانداق ئەهۋال ئاستىدا جىنىمىزنى پىدا قىلىپ قوغدىشىمىز لازىم .

. . . . . . . . . . . . . . . .

يازغۇچى مۇهەممەت توختى داۋوت .

تور مەدىن خەت :

. . . . . . . . . . . .

نۇر غۇنلىغان ياش باتۇر يىگىتلىرىمىز ئەركىنلىك وە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ھەركەت قىلىپ قولىغا ئېلىنىپ زالىم خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ تۈركىستاندىكى تۈرمىلىرىنى تۇشقۇزماقتا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۈلدەك ياشلىق ھاياتىنى قۇربان قىلىپ قولىدىن كېلىشىچە ھەرخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ قىلغان ھەركەتلىرىدىن ئۇلۇغوار غايىسى خەلقىمىزنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتۇپ ئىنسانلار چە ئەركىن ھۆر ئازات ياشاش ئۈچۈن گۈزەل ۋەتىنىمىز تۈركىستاننى تاجاۋۇزچى زومىگەر خىتايلاردىن ئاجرىتىشتىن باشقا ئەمەسدۇر •

ئۇلار ھەرقانداق ھەركەت قىلسا خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشنى ئوچۇق بىلسىمۇ قىلچە پەروا قىلماستىن پىلىمۇتتەك ئېتىلىپ ئۆزىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئەركىنلىك ئۈچۈن قۇربان قىلماقتا •

ھازىر گۈزەل وە تىنىمىز تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ياش ئۆسمۈر يىگىتلەرنىڭ نۇرلۇق قەلبىلىرى ھەربىر نەپەستە ئازاتلىق وە ئەركىنلىك دەپ سوقماقتا •

مانا تۈۋەندە 18 ياشلىق بىر باتۇر يىگىتنىڭ تۈرمىدىن ئانىسىغا يازغان ساداقلىق خىتىنى ئوقۇپ كۆرەيلى :

(ئانا تۈرمىغا كىرگەندىن بېرى بىرىنچى خىتىمنى شۇندا قىلا ئاخىرقى خىتىمنى يېزىۋاتىمەن ، كىشى دۇنياغا كۆز ئاچقان ئىكەن ئۇنىڭدىن بېشىغا ئاخىر بىر كۈن ئۆلۈم بار لېكىن كىشى دۇنياغا كېلىپ ئەرزۇكىدەك ئىشلارنى قىلىپ ئۆلسە ئۇ ياش بولسىمۇ ئۆزىدىن رازى بولىدۇ ، ئۇنى باققان ئاتا ئانىسى وە ئەل يۇرتىمۇ ھەم رازى بولىدۇ •

ئەمما مېنى چوڭ قىلغۇچە ئىگىز مانلارغا ھاپاش قىلىپ موكچىيىدىڭ ، چېچىڭلارنىڭ سارغايدى ، چاچلىرىڭ ئاقاردى ، مېنىڭ بەختىمنى ئويلاپ بارىۋقلۇقتا قارىماي ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشتۇڭ بىراق ئۆمۈر سائىتى 18 گە سوققان لېكىن مەن ھازىر قاراڭغۇ زىنداندا يېتىپتىمەن بۇرنۇمغا قان پۇرايدۇ ئەجەل ئۆز سايىسىنى ئۈستۈمگە چۈشۈرۈپ تۇرماقتا ئېھتىمال بۈگۈن ياكى ئەرتە كۆز يۇمارمەن ئېھتىمال ئۇگۈن ئېھتىمال خىتىمنى داۋاملاشتۇرالماسمەن •

ئەمما مەن بەختسىز بولۇپ قالدىممۇ سەنچۇ ؟

بەزىلەر مېنى بەختسىز دېيىشەر مانا بۇ بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىك • مېنىڭ قەلبىم دەرىتتىن ، ھەسرەتتىن ، ئادالەتسىزلىكتىن ئاغرىغانلىقتا خۇشالمەن ئەگەر مېنىڭ قەلبىم ھېچنېمىگە ئاغرىمىغان بولۇپ قالسا بۇنىڭدىن ئارتۇق بەختسىزلىك بولامتىمۇ ؟

ئانا مېنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىم وە تەربىيچىلىرىم ھەقىقى ھاياتتا كۆزۈمنى ئېچىپ ماڭا دوس بىلەن دۈشمەننى تونۇتتى كىشىلىك ھاياتىمىزنى ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆز قولىمىزدا تۇتۇپ كۆرمىش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئۆگەتتى شۇنىڭ ئۈچۈن جېنىم



Müslüman Uygur gencinin annesine Osmanlıca yazdığı mektubun küpürü

ئانا سېنى وە مىليونلىغان جاپاكەش خەلقىمىزنى ئازات قىلىش مۇستەبىت ھاكىمىيەت وە ئۇنىڭ مالايلىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن پاش قىلىش خەلقنى ئويغۇتۇش يولىدا ھەركەت قىلدىم ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم بىراق مۇشۇنداق بولۇشىنىمۇ بىلەتتىم •

ئانا ئىنسان دۇنياغا خورلىنىش بىلەن ئۇنىسىز يۈرگىلى ياكى ئا چىلىقتا بولغۇنۇپ قورۇتتەك مىدىرلاپ كېتىش نېمە دېسە خۇش دەپ ئۆز ئەجرىمىزنى باشقىلارغا سەرپ قىلىپ بىرپارچە نان ئۈچۈن تەلمۈرۈپ ياشامدۇق • ئەپسۇسكى يالماۋۇز كاپىرلار بىزلەرنىڭ بۇتۇن بايلىقلىرىمىزنى توشۇپ كېتىۋاتسا بىز يەنىلا ئۇلارنىڭ قاپىقىغا وە چىشىغا قاراپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كېلىدىكمۇ ؟

ئۆمرىمىز شاقىراپ ئاققان لاي سۇدەك ئۆتۈۋېرەمدۇ ؟

ئانا سەن بەختسىزمۇ ؟ ياق سەن بەختسىز ئەمەسسەن ؟ سەن ئۆز خەلقىڭنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆرەش سېپىدە قۇربان بولغان ئوغلۇڭنىڭ بەختلىك ئانىسى •

ئانا مېنىڭ قەلبىدىكى نۇرغۇن ئىشلىرىم بار ئىدى ، مەن ئىشىنىمەنكى تەڭلىك ئازاتلىق چوقۇم ئۆز جامالىنى كۆرسىتىدۇ • • ئانا زۇلۇم ھەرگىز ئۇزاققا بارمايدۇ ) •

. . . . . . . . . . . .

ئۆمەر جان قاسىم •

# سوئال جاۋاب

س — ھاراق ئىچىدىغان ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى مەقبۇل بولامدۇ ؟

ج : بۇ ھەقىقەتەن تەپسىلىنارلىق ئىش .

ھەقىقىي ناماز ، ناماز ئوقۇغۇچىنى بۈتۈن يامان ئىشلاردىن توسىدۇ . ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيدۇ (نامازنى تەدىل ئەركان بىلەن ئوقۇغىن ، ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ ) .

سۈرە ئەنكەبۇت ٤٥ — ئايەت .

شۈبھىسىزكى ھاراق بولسا ئەڭ قەبىھ يامان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر . ھاراقنىڭ زىيىنى ئىنسانلارغا مېيىتكىلا بولۇپ قالماستىن بەلكى ئۇنىڭ زىيىنى ئەقىلگە ، ساغلاملىققا پۇل — مالغا ۋە گۈزەل ئەخلاققا چوڭ زەرەرلىك تەسىرى بار . ئەگەر ئىنسان ئۆز ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقى ئىرادىسىنىڭ بوشاڭلىقى تۈپەيلىدىن شەيتانغا ئەگىشىپ ھاراق ئىچىپ سالغان بولسا ، ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ئۆز ھوشىغا كېلىپ ھاراقنىڭ نىجاسىتىدىن پاك بولۇپ ، پاكىزە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا ، ئاللا ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلغۇسى . ئۇنىڭ نامىزى ئۇنى بۇنداق گۇنالاردىن توسقۇسى . چۈنكى ناماز ئوقۇش ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر پەرز" ، ھاراق ئىچىش بولسا ئىسلامدا توسۇلغان قەبىھ گۇناھ . ئۇ ياخشى ئەمەل بۇ قەبىھ ئىش . ئاللا كىشىنىڭ ياخشىلىقىدىن ۋە يامانلىقىدىن ئايرىم — ئايرىم ھېساب ئالىدۇ .

ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : (كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ . كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ .) سۈرە زەلزەلە ٧ — 8 — ئايەت .

ھاراق ئىچىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان كىشى بىلەن ناماز ئوقۇمايدىغان لېكىن ھاراق ئىچىدىغان ئادەمنىڭ قايسى ئەۋزەل دەپ سورىسىڭىز ، ئەلۋەتتە ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ ھاراق ئىچىدىغان كىشى ناماز ئوقۇماي تۇرۇپ ھاراق ئىچىدىغان كىشىدىن ئەۋزەل دەپ جاۋاب بېرىمىز . چۈنكى ئۇنىڭ نامىزى شۇنداق يامان قەبىھ ئىشلاردىن كۆڭلىنىڭ بىر دە توسقۇسى .

س — ناماز ئوقۇمايدىغان ئادەمنىڭ تۇتقان روزىسى مەقبۇل بولامدۇ ؟

ج — مۇسۇلمان بولغان ھەربىر كىشىنىڭ ئاللا بۇيرۇغان ئىبادەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۇنىڭ بۇرچىدۇر .



ناماز ئوقۇش ، روزا تۇتۇش ، زاكات بېرىش ، كۈچى يەتسە ئۆمۈردە بىر قېتىم ھەج قىلىش مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى . بۇلاردىن بىرسىنى ئۆزرىسىز ھالدا تەرك ئەتكەن كىشى ئاللانىڭ شەرىئىتىدىن تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ . بۇ ھەقتە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى بىر — بىرسىگە ئوخشىمايدۇ . بەزى ئالىملار بۇ پەرزلەردىن بىرەرنى ئۆزۈرسىز ھالدا تەرك ئەتكەن كىشى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ . بەزىلىرى نامازنى تەرك ئەتكەن ۋە زاكاتنى توسقان كىشى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ .

بۇلارنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللانىڭ ( مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ چېگراسى ناماز ) دېگەن ھەدىس بولسا كېرەك . نامازنى تەرك ئەتكەن كىشى كاپىر دەپ قارايدىغان ئۆلىمالار ئۇنىڭ روزىسىنىڭ قوبۇل بولۇشىنى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ . چۈنكى كاپىرنىڭ ئىبادىتى مەقبۇل ئەمەس .

بەزى ئۆلىمالار بۇ پەرزلەرنى قىلمىغان كىشى ئەگەر ئاللاغا بولغان ئىمانىدا راستچىل بولىدىكەن شەرىئەتنىڭ ھېچبىر پىرىنسىپىغا تانمايدىكەن ياكى شەك قىلمايدىكەن ئۇ مۇسۇلمان ھېساپلىنىدۇ دەپ قارايدۇ . بەلكى مۇشۇ كۆز قاراش ئەڭ توغرا ۋە ئادىل كۆز قاراش بولۇشى مۇمكىن . بۇنىڭغا بىنائەن ئاللا بۇيرۇغان پەرزلەرنى ئۇنىڭغا ئىنكار قىلمىغان ھالدا ياكى ئۇنى مەسخىرە قىلمىغان ھالدا ئۇنى ئادا قىلالمىغان كىشى كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ لېكىن ئىمانى ئاجىز ئىرادىسى بوشاڭ ، پاسىق ئادەم ھېساپلىنىدۇ ، ئەگەر مۇشۇ ھالەتتە يەنى ئاللانىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرمەستىن داۋام قىلىۋەرسە ئۇنىڭ ئىمانىدىن ئۈمىت قالمايدۇ ، ھەرھالدا ئاللا ئۇنىڭ ياخشى ئەمەلىگە ياخشى مۇكاپات ، يامان ئەمەلگە جازا بېرىدۇ . پەرزلەرنى بەجا كەلتۈرمىگەنلىكى سەۋەپتىن بەجا كەلتۈرگەن ئەمەللىرى يوق بولۇپ كەتمەيدۇ بەلكى ئاللا قىلغان ئەمەلىنىڭ مىقدارى بويىچە ساۋاپ بېرىدۇ . ئادا قىلمىغىنىغا ساۋاپ تەرك ئەتكىنىگە جازا بېرىدۇ .

.........................

نەشرگە تەييارلىغۇچى ئابلەھەت .